«شەرق شاملى قۇرۇلۇشى» كىتاب نەشر قىلىش تۈرى (1132)
“东风工程” 图书出版项目之1132

# ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر



(1)

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق تارىخى قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر

常州大学图书馆
藏书章

تۈزگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

**كىتاب ئىسمى:** ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر (1)
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** جاسارەت غوپۇر
**تەكلىپلىك مۇھەررىرى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل كوررېكتورى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى:** غالىب شاھ
**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830000
**تېلېفون:** 0991 − 4690106
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ خۇالۇڭ باسما ئىشلىرى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 787×1092 م م 1/32
**باسما تاۋىقى:** 6
**نەشرى:** 2010 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2010 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-0924-0
**باھاسى:** 8.40 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔历代民谣精选. 1：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔主编. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2010.7
ISBN 978-7-5469-0924-0

Ⅰ. ①维… Ⅱ. ①乌… Ⅲ. ①维吾尔族-民歌-作品集-中国-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I277.291.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第 122615 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 维吾尔历代民谣精选（1） |
| 主　　编 | 乌其洪江·玉麦尔 |
| 责任编辑 | 加沙热提·吾甫尔 |
| 特约编辑 | 艾尔肯·伊布拉音·湃达 |
| 责任校对 | 努尔阿利亚·阿布都克里木 |
| 封面设计 | 阿里甫·夏 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 电　　话 | 0991-4690106 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华华龙印务有限责任公司 |
| 开　　本 | 787mm×1092mm　1/32 |
| 印　　张 | 6 |
| 版　　次 | 2010 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2010 年 7 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-5469-0924-0 |
| 定　　价 | 8.40 元 |

# كىرىش سۆز

«شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش پىلانلىغان، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى كونكرېت تەشكىللەپ يولغا قويغان خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان قۇرۇلۇش. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئاخبارات-نەشرىياتچىلىقنىڭ تارقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت دېھقان-چارۋىچىلىرى ئارىسىدا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىپ، ئۇلارغا پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگىتىدىغان، ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدىغان ئاخبارات-نەشرىيات ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

شىنجاڭدىكى ھەممە يېزا-كەنتلەرگە كىتاب، ئۈن-سىن نەشر بۇيۇملىرىنى تەقدىم قىلىش — «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» دىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى. بۇ تۈردە سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا قۇرۇلۇشى مۇساپىسى ۋە مەركەزنىڭ «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمىتى توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيەنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

سۆيۈش، ۋەتەننى سۆيۈش، سوتسىيالىزمنى سۆيۈشكە ئائىت
ئوقۇشلۇقلار، «يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار» خىزمە-
تىگە ئائىت پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئوقۇشلۇقلىرى، سە-
ھىيە - ساقلىقنى ساقلاش بىلىملىرىگە ئائىت ئوقۇش-
لۇقلار، قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئو-
قۇشلۇقلار، قۇرامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاق
تەربىيەسىگە ئائىت ئوقۇشلۇقلار، قوش تىل مائارىپى ئو-
قۇشلۇقلىرى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنى-
يىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، كۆڭۈل ئې-
چىشقا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا
قۇرۇلۇشىغا ئائىت ئوقۇشلۇقلار، ماركسىزملىق دىن قا-
رىشى، پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە دىن سىياسى-
تىگە دائىر بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت ئوقۇش-
لۇقلار قاتارلىق ئون چوڭ تۈر بويىچە نەشر بۇيۇملىرى
نەشر قىلىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى. مەزمۇن جەھەتتە، سوت-
سىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيا-
لىستىك يېڭى يېزا قۇرۇش ئاساسىي لىنىيە قىلىندى؛
دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ «ئىشلەپچىقىرد-
شى تەرەققىي تاپقان، تۇرمۇشى باياشات، يېزا ئىستىلى مە-
دەنىي، كەنت مۇھىتى رەتلىك ۋە پاكىز، باشقۇرۇشى دې-
موكراتىك بولۇش» قا يېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش نىشان
قىلىندى؛ نەشر قىلىشتا «دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق
كەسىپلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق
رايونلىرىغا يېقىنلاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارغا يې-
قىنلاشتۇرۇش» مەقسەت قىلىندى؛ ھەر مىللەت دېھقان -

چارۋىچىلىرى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئۆگىنەلەيدىغان، ئىشلىتەلەيدىغان بولۇش پىرىنسىپ قىلىنىدى. بىز نەشر بۇيۇملىرىنى ئاممىباب، چۈشىنىشلىك قىلىپ تۈزۈشكە، تېكىستىمۇ، رەسىممۇ، ئاۋازىمۇ بار قىلىپ چىقىرىشقا تىرىشتۇق، شۇنداقلا ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولۇشىغا، مەزمۇنلۇق ۋە قىزىقارلىق بولۇشىغا كۆچىدۇق، يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى بىلىملەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنى يېڭى ئىدىيە، يېڭى يۈكسەكلىك ۋە يېڭى نەزەرگە ئىگە قىلىشقا تىرىشتۇق.

بىز يەنە «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى» ئارقىلىق، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى، كىتاب ئوقۇشى تەس بولۇش مەسىلىسىنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھەل بولۇشىنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىنى كىتاب ۋە ئۈن - سىن بۇيۇملىرى بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنىڭ ئۈنۈملۈك ياخشىلىنىشىنى، ئاز سانلىق مىللەت يېزىلىرىدىكى مۇنەۋۋەر نەشر بۇيۇملىرىنىڭ قاپلاش دائىرىسى ۋە تەسىر دائىرىسىنىڭ تېخىمۇ كېڭىيىشىنى، ھەر مىللەت دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمىنى كۆپەيتىپ، ئىلمىي بېيىشنى ئەقلىي مەدەت ۋە مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئاخبارات - نەشرىياتچىلىقىنىڭ «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»
رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى

## مۇندەرىجە


ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار ................................ 1
ئافراسىياپ ھەققىدە قوشاقلار ............................ 7
ئوغۇزخان قوشاقلىرى ........................................ 14
سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە قوشاقلار .......... 19
مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە قوشاقلار .................... 22
تېلىلار (تېلەن تاغ) قوشىقى ................................ 28
بەگقۇلى ھەققىدىكى قوشاق .................................. 31
مىرزا ئابابەكرى ھەققىدىكى نەزمىلەردىن ئۆرنەكلەر ... 32
بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە قوشاقلار ...................... 34
«كۆچ - كۆچ» قوشاقلىرى .................................. 39
لاشمان - قايقا داۋان قوشاقلىرى ........................ 54
سارى جاز قوشاقلىرى ...................................... 79
ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى ........................................ 81
سىپىل قوشاقلىرى .......................................... 87
يەتتە قىزلىرىم ھەققىدە قوشاقلار ...................... 95
يالغۇز تويۇن قوشىقى ...................................... 97
خالڭ قوشاقلىرى ............................................ 101
نوم قوشاقلىرى .............................................. 120

كانچىلار قوشاقلىرى ........................................ 128
كارىز قوشاقلىرى ........................................ 133
كۆچا ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار ........................ 137
«ئاچىل» قوشىقى ........................................ 147
«جەرەن يە» قوشىقى ........................................ 151
«تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدە قوشاقلار .................. 156
غۇلجا ـ قورغاس يولىنى ياسىغۇچىلار قوشىقى ....... 159
مىس كاندىكى ئىشلەمچىلەر قوشاقلىرى ............... 161
چاكارلار قوشىقى ........................................ 165
لەڭچىلەر قوشىقى ........................................ 167
پادىچىلار قوشىقى ........................................ 170
سالچىلار قوشىقى ........................................ 172
بۆزچىلەر قوشاقلىرى ........................................ 175
ئەللەي قوشاقلىرى ........................................ 178

# ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار

ياچىبەگ — 17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن خەلق قەھرىمانى. «ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار» قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان داستان ۋە قوشاقلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرگەن تارىخىي قوشاقلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن.

1668 — 1690 - يىللار ئارىسىدا، ئەبەيدۇللا دارخانبەگ زامانىدا جۇڭغار غالدان ھۆكۈمرانلىرى قۇمۇل بەگلىكىنى بويسۇندۇرۇش غەرىزىدە، قۇمۇلغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى بۇلاپ - تالاپ، قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ، خەلققە بالايىئاپەت ئەكەلگەندى. بۇ يېغىلىق، ئۇرۇشلار تۈپەيلىدىن قۇمۇلدا بىر مەزگىل قۇرغاقچىلىق، ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، جەمئىيەت ئىنتايىن ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ياچىبەگ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولغا قورال ئېلىپ، يارۇ دوست، بۇرادەرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلارغا قارشى جەڭنى قانات يايدۇرۇپ، زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرد-

دۇ. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئۇنى «كۆزگە قادالغان مىخ»
دەپ قاراپ، ئىرىك تۇتۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ. بۇ
چاغدا مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ئۈچۈن سېتىلغان سامانچى-
دەك بەزى كىشىلەر سالما تاشلاپ ياچىبەگنى دۈشمەنگە
تۇتۇپ بېرىدۇ. ياچىبەگ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالىدى-
مۇ، ئۇلارغا باش ئەگمەي، زۇلۇمغا قارشى قوزغالغان
خەلقنى جەڭنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا چاقىرىق قى-
لىدۇ ۋە قەھرىمانلارچە قۇربان بولىدۇ. ساتقۇن سامانچى-
مۇ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن تېگىشلىك جازاغا تار-
تىلىدۇ.

«ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار» ــــ ئەنە شۇ تارىخىي
ۋەقەلەرنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، ياچىبەگنىڭ باتۇرلۇق
ئىش ئىزلىرىنى ئاممىباب تىل ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈر-
گەن. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى قومۇلنىڭ سىياسىي،
تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىلىش ۋە تەتقىق قى-
لىشتا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆتكەندى ياچىبەگ،
بۇلاڭ ـ تالاڭ زاماندا.
دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىپ،
كەتتى ئاخىر ئارماندا.

ياچىبەگنى كۆرگەنلەر،
سۇمباتلىقكەن دەر ئىدى.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.co

گۈرزە ـ بازغان قوللىرى،
يولۋاس كەبى ئەر ئىدى.

ياچى دېگەن بىر كىشى،
ئارقىسىدا مىلڭ كىشى.
ئېگىلمىسە ئۇنىڭغا،
قۇتۇلالماس ھېچ كىشى.

يېمەك ـ ئىچمەك نەرسە يوق،
قاپلاپ كەتتى قۇرۇقلۇق.[1]
ھالسىزلاندى خالايىق،
تېپىلمىغاچ ئوزۇقلۇق.

شۇڭا چىقتى ياچىبەگ،
ئوڭ قولغا نەيزە ئېلىپ.
تاغلار ئارا جەڭ قىلدى،
ئەلنى كەينىگە سېلىپ.

قالماق خانىنىڭ خېتىدە،
«تۇتسۇن!» دېدى ياچىنى.
توغام ـ توغام يول ياساپ،
چېرىك قويدى بارچىنى.

---

[1] قۇرغاقچىلىق مەنىسىدە.

«كىمكى تۇتسا ياچىنى،
مالدار قىلاي مەن ئۇنى.
ئۆزۈم بىلەن تەڭ قىلىپ،
هاكىم قىلاي مەن ئۇنى.»

ئەهدى قىلدى ئوسمان بەگ،
شۇ بۇ ئىشقا «مەن بار»دەپ.
ۋەهشەت چۈشتى بېشىغا،
«تۇتماق تىرىك، جاپا» دەپ.

قالماق خانى چىللىدى،
ئوسمان بەگنى يېنىغا.
ئوسمان بەگمۇ سېتىلدى،
سەككىز مىسقال ئالتۇنغا.

ئۇيان ئويلاپ ئوسمان بەگ،
بۇيان ئويلاپ ئوسمان بەگ.
سامانچىنى گوللاشقا،
تۇتۇش قىلدى ئوسمان بەگ.

سامانچىمۇ سېتىلدى،
ئوسمان بەگكە قېتىلدى.
كەينىگە چۈشۈپ ياچىنىڭ،
تۇتماق بولۇپ ئېتىلدى...

«بىزنىڭ ئۆيلەر بۇ يەردە،
چۇشۇپ ئۆتۈڭ ياچىبەگ.
ھېرىپ - ئېچىپ قالغانسىز،
سىنچاي ئىچىڭ ياچىبەگ.»

شول مەھەلدە چاقىردى،
«چاققان چىقىڭ ياچىبەگ!»
چىقىپ دەرھال ئېتىنى،
مىنمەك بولدى ياچىبەگ.

ئۇزەڭگىگە پۇت سېلىپ،
يىقىلىپ قالدى ياچىبەگ.
مىكىر بىلەن قىلتاقتا،
ئىلىنىپ قالدى ياچىبەگ.

«يولۋاس يانماس ئىزىدىن،
ئەر يانمايدۇ سۆزىدىن.
شېھىت كەتسەم ئەل رازى»،
دېدى ياچى كۆڭلىدىن.

ھەسرەت بىلەن خالايىق،
دۇئا قىلدى دوستىغا.

سامانچىنى تۈتۈۋېلىپ،
سامان تىقتى پوستىغا.

ياچىبەگ ئاپئاق ئىكەن،[1]
بىلىدە چاقماق ئىكەن.
ياچىبەگنى ئۆلتۈرگەن،
جالالىق قالماق ئىكەن.

① ئاپئاق — پاكىز، ئېتىقادلىق، ۋىجدانلىق مەنىسىدە.

## ئافراسىياپ ھەققىدە قوشاقلار

ئافراسىياپ — بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. «ئالىپ ئەرتوڭا» — ئافراسىياپ ھەققىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسىدۇر.

ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى، تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمان ئوغلى. ئەرەب، پارس، يۇنان، يەھۇدىي، تۈركىي تىلىدا يېزىلغان تارىخىي كىتاب - مەنبەلەردە ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن رىۋايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرى - زامانى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان پەرەز، قىياسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان (يەھۇدىي، ئىران رىۋايەتلىرىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 - ئەسىرلەردە ياشىغان دېيىلگەن). ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يازغىنى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان. ئافراسىياپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب، پارس، يۇنان، تۈركىي قاتارلىق

خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە دۇنياۋى شان ـ شۆھرىتى ھەققىدە كۆپلىگەن داستان، ھېكايە، ناخشا، قوشاق، مەدھىيە، مەرسىيەلەر پېزىلغان. بۇ ھەقتە ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈلگەن.①

ئافراسىياپ ھەققىدىكى قوشاقلار ۋە ئېپوسلار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمكى تۇران قوۋملىرىنىڭ ئىران ئاخمانىيلار (پېرسىيە سۇلالىسى)دىن ئىلگىرىكى ئىران شاھلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە قىلغان باسقۇنچىلىقلىرىغا قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئافراسىياپ ھەققىدىكى قوشاقلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇ قوشاقلار ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز يىلتىزىنى چوڭقۇر تونۇپ، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟

① بۇ قوشاقلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن مەرسىيەلەردىن تاللاپ ئېلىندى. 1 ـ توم، فاكسىمىل 33 ـ، 244 ـ، 104 ـ، 383 ـ، 431 ـ، 64 ـ، 462 ـ، 128 ـ، 90 ـ بەتلەر.



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com